# ھېيتلىق

# كۆڭلەك



غۇنچىلار

مەنبە : قصص و حكايات بالعربي

ياسمەن ئائٮلٮسٮدٮكى ھەممەيلەن ئٮنتايٮن ياخشى كۆرٮدٮغان ئوماق بٮر قٮز ئٮكەن. ئاتا-ئانٮسى ئۇنٮڭغا ناھايٮتى كۆيۈنگەچكە، ئۇ ئۆزٮنى تولٮمۇ بەختلٮك ھېس قٮلٮدٮكەن. دادٮسى دائٮم ئۇنٮڭغا چٮرايلٮق كٮيٮملەرنى، ھەرخٮل ئويۇنچۇقلارنى ئېلٮپ بېرٮدٮكەن.




ھېيت يېقىنلاشقاندا ياسمەن دادىسىغا : - دادا، ماڭا بىر ھېيتلىق كۆڭلەك ئېلىپ بەرسىڭىز، - دەپتۇ. دادىسى: - قىزىم، سىزنىڭ كىيىملىرىڭىز بەك كۆپ، يەنە كېلىپ ھەممىسى دېگۈدەك يېڭى، - دەپتۇ. ياسمەن: - دادا، بىراق ھېيتنىڭ تۇنجى كۈنى كىيىدىغان يېڭى بىر كۆڭلىكىم بولسىكەن دەيمەن، - دەپتۇ.



دادىسى ماقۇل بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: - ئۇنداقتا، ئاللاھ خالىسا، ئەتە يېڭى كۆڭلەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا بىللە بارايلى، - دەپتۇ.

ياسىمەن دادىسىنىڭ قۇشۇلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ياسىمەن دادىسى بىلەن كۆڭلەك سېتىۋالغىلى بازارغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىپتۇ.



ياسمەن ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئەڭ چىرايلىق كۆڭلەكنى ئىزدەپ بىر باللار كىيىملىرى دۇكىنىنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ ۋە ئاسقۇغا ئېسىلغان چىرايلىق كۆڭلەكلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ بىر چىرايلىق كۆڭلەككە كۆزى چۈشۈپتۇ - دە، دادىسى بىلەن كىرىپ ئۇنى سېتىۋاپتۇ. ئۇ بۇ كۆڭلەككە ئېرىشكىنىدىن ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە دۇكاندىن چىقىپتۇ.



ياسمەن دۇكاندىن چىقىپلا دۇكان ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇرغان ئۆزى بىلەن تەڭتۇش، نامرات بىر قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە دادىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن نېمىشقا يىغلاۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.



كىچىك قىزچاق: - مەن بىر يېتىم، ئاتا-ئانام يوق، هاممام بىلەن بىللە تۇرىمەن، مېنىڭ هېيت كۈنى كېيگۈدەك يېڭى كېيىمىم يوق، هاممامنىڭ كۆڭلەك ئېلىپ بەرگۈدەك پۇلىمۇ يوق، ئىككى يىلدىن بىرى يېڭى كىيىم كېيىپ باقمىدىم، - دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.



ئۇ كىچىك قىزنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ياسمەنىنىڭ قەلبى ئېرىپ كېتىپتۇ ۋە قولىدىكى يېڭى كۆڭلىكىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ قىزغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن: - بۇ كۆڭلەكنى ئېلىڭ، بۇ مەندىن سىزگە ھەدىيە بولسۇن، مېنىڭ ھېيت كۈنى كېيىدىغان يەنە بىر كۆڭلىكىم بار، شۇنى كىيەي، - دەپتۇ.



كىچىك قىزچاق ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ياسمەنگە رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ھېيتىڭىز خۇشاللىققا تولسۇن، دوستۇم!» دەپتۇ.



ياسمەنىنىڭ دادىسى قىزىنىڭ يېتىم قىزغا قىلغان مۇئامىلىسىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

- كىچىك يېتىم قىزنى خۇشال قىلدىڭىز، ئاللاھ سىزگە كاتتا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، قىزىم ياسمەن! - دەپتۇ.



ياسىمەن يېتىم قىزنى خۇشال قىلالىغىنىدىن كۆڭلى يايرىغان هالدا دادىسى بىلەن ئۆيگە قايتىپتۇ ۋە ئاللاھنىڭ سان-ساناقسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىپتۇ. بۇندىن كېيىن ياسىمەن ھەرئايدا مۇھتاجلارغا ۋە كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن پۇل يىغىشنى ۋە كىيىملىرىنى ساقلاپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

